# UTFW2-020 - Rayhangul Abliz

1. مېنىڭ ئىسمىم  رەيھانگۈل ئابلىز. مەن ئاۋستىرالىيەنىڭ مەلبروندا ياشايمەن. 2010-يىلى 2- ئايدا ئاۋستىرالىيەگە كەلگەن. ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقىنىمغا 11 يىل بولدى. مەن ئاۋستىرالىيە پۇخراسى. مەن ھازىر ئاتا-ئانام توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرمەكچى.دادام ئابلىز توختى ۋەتىنىمىزنىڭ ئاتۇش ئاۋۇدىن. دادام ئۇزۇن يىللىق بىر تىجارەتچى ئىدى. كېيىن سالامەتلىك سەۋەبى ۋە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆيدە دەم ئېلىپ تۇرىۋاتقان. دادام بۇ يىل 71 ياشتا.ئانام ئائىلە ئايالى، ئىسمى ئايگۇل ھېيت، بۇ يىل 68 ياشتا.
2. دادام- ئانام ھەر ئىككىلىسى 2016- يىلى مىسىرغا ساياھەت ئۈچۈن بارغان ھەم مىسىرغا بارغاندىن كېيىن سەئۇدى كونسۇلىغا ۋىزا ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغان، ئەگەر ۋىزا بىرىپ قالسا سەئۇدىغا بېرىش ئارزۇسى بار ئىدى. لېكىن سەئۇدى كونسۇلى ۋىزا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن مىسىردا ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى.
3. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىتتاي ساقچىلىرى ئۇلارغا ھېچ ئارامچىلىق بەرمىدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيگە كىلىپ، سىلەر نەگە باردىڭلار، نېمە ئىش قىلدىڭلار، كىمنى كۆردۈڭلار، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار... دەپ، ئۇلارنى ھەر كۈنى سوراق قىلىپ  ھېچ ئارامچىلىق بەرمىدى؛ ھەتتا، ھەپتىدە ئىككى ياكى ئۈچ كۈن يەرلىك ھۆكىمەتكە بېرىپ قەسەمنامە يازغۇزۇپ، شىجىنپىڭنى مەدھىيلەيدىغان ماقالىلەرنى يازغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىدىن كىچىشكە مەجبۇرلاپ... مۇشۇنداق زۇلۇملارنى قىلدى.
4. 2017- يىلى خىتتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئەۋجىگە چىققان يىلى ماي ئايلىرىدا ئىككىلىسىنى لاگىرغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا سالامەتلىكى ناچار، ھەر ئىككىلىسىدە قان بېسىمى بار؛ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى دەستىدىن قان بېسىمى ئۆرلەپ سالامەتلىكى بەك ناچارلىشىپ كەتكەچكە، ئاتا-ئانامنى ئۆيگە نەزەربەنت ئاستىدا قويۇپ بەردى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئاتا-ئانام قورقۇپ مەن بىلەنمۇ ئالاقىسىنى ئۈزىۋەتتى؛ تېلېفۇن قىلسام‌مۇ ئالمايتتى؛ مەنمۇ ناھايىتى تەستە ئالاقىلىشاتتىم، ئەھۋالىنى ناھايىتى تەستە ئۇقاتتىم.
5. 2018- يىلى 4- ئايدا ئاتا-ئانامنى قايتا لاگىرغا ئېلىپ كىتىپتۇ. ئۇ چاغدا مەن ئاتا-ئانام بىلەن، پۈتۈن تۇققانلىرىم ۋە دوسلىرىم بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقەمنى يوقاتقانلىقىم ئۈچۈن مەن ھېلىھەم ئاتا-ئانام ھەققىدە باشقا بىر ئالاھىدا خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ھازىرمۇ لاگىردا دەپ ئويلايمەن. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇلار توغرىسىدا بىر خەۋەر ئالالمىدىم.

6. 2021- يىلى يىل بېشىدا ئاۋىستىرالىيە ھۆكىمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتتاي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىگە خەت يازدىم ۋە ئاتا-ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. مۇشۇ مايدا ئۇلار ماڭا جاۋاپ قايتۇردى. ئۇلار سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئاتا-ئانام ھەر ئىككىلىسىنىڭ 2018- يىلى ئاپرىلدىن باشلاپ تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قوللىغانلىقى سەۋەبى بىلەن 14 يىلدىن كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى ماڭا ئۇقتۇردى.
7. دادام بىر تىجارەتچى ئىدى، كېيىن سالامەتلىكى يار بەرمەي ئۆيدە ئائىلىگە قاراۋاتقان ناھايىتى ئاددىي بىر ئىنسان. ئانام بولسا ئائىلە ئايالى، پۈتۈن ھاياتى ئائىلىدە بالا بېقىپلا ئۆتكەن ناھايىتى ئاددىي بىر ئايال.
8. ئۇلارنىڭ تېرورلۇق دېگەن ئىشلار بىلەن ھېچقانداق بىر مۇناسىۋىتى يوق، ھەتتا ئاتا-ئانام ئۇلار تېرورلۇق دېگەن گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.
9. مۇشۇنداق بولىشىغا قارىماي،ئاشۇنداق بىچارە، ئاشۇ دەرىجىدە ساپ ئادەملەرنىمۇ خىتتاي ھۆكىمىتى بوش قويىۋەتمىدى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى كۈندىن كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، كۈندىن كۈنگە ۋەھشىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭلا ئاتام-ئانام ئەمەس، نۇرغۇنلىغان، مىليۇنلىغان، نەچچە مىليۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىگۇناھ ھالدا خىتتاينىڭ بىز ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاچقان لاگىرلىرىدا، تۈرمىلىرىدا ئازاپ چېكىۋاتىدۇ؛ ئۆلىۋاتىدۇ؛ زۇلۇم كۆرىۋاتىدۇ.
10. دۇنيا خەلقى ھازىرغىچە بۇنىڭغا سۈكۈتتە تۇرىۋاتىدۇ، گەرچە بىلسىمۇ بىلمەسكە، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىۋاتىدۇ؛ 21- ئەسىردە ئىرقىي قىرغىچىلىق دۇنيانىڭ كۆزى ئالدىدا بولىۋاتىدۇ، لېكىن دۇنيا بۇنىڭغا كۆز يۇمىۋاتىدۇ. مەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى، دىموكراتىك ئەللەرنى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا توختىتا دېيىشىنى، ھەم بىز ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشىنى، خىتتايلارنىڭ بۇ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمىنى توختىتىشىنى، دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن؛ ھەق ۋە ئادالەتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشقا چاقىرىمەن. رەھمەت.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

ۋاقت: